# 221754 ـ پاك ھايۋانلار قايسى ۋە نىجىس ھايۋانلار قايسى؟

### سوئال

پاك ھايۋانلار قايسى ۋە نىجىس ھايۋانلار قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپىدا: ئەسلىدە ھەممە دەرسە ۋە مەخلۇقاتلار شەرىئەتتە ئۇنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دەلىل كېلىشتىن ئىلگىرى ھېچ بىر نەرسىگە نىجىس دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، ھايۋاناتلار ئوخشىمايدىغان تۈر ۋە قىسىملارغا ئايرىلىدۇ، ئالىملار ئۇلارغا پاك ۋە نىجىس دەپ ھۆكۈم بېرىشتە پەرقلىق قاراشتا بولدى، ئۇلارنىڭ بۇ توغرىدىكى سۆزلىرىنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1-بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا: گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان بارلىق ھايۋانلار پاك ھېساپلىنىدۇ.

2-ئىبنى ھەزمى مۇنداق دەيدۇ: "گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ پاك ئىكەنلىكىدە ھېچ ئىختىلاپ يوق. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَيُحِلُّ لَهُمْ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمْ الْخَبَائِثَ تەرجىمىسى: «ئۇلارغا پاكىز نەرسىلەر ھالال قىلىندى، پاسكىنا نەرسىلەر ھارام قىلىندى» [سۈرە ئەئراپ 157-ئايەت].

ھالالنىڭ ھەممىسى پاكىز بولىدۇ، پاكىز نەرسە نىجىس بولمايدۇ بەلكى ئۇ پاك بولىدۇ". ["ئەل مۇھەللا"1-توم 288-بەت].

ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئالىملارنىڭ ھەممىسى ھېچ ئىختىلاپسىز: گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئېچىپ ئاشقان سۈيى پاكىز، ئۇنى ئىچىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن". ["ئەل ئەۋسەت" 1-توم 299-بەت. "تەھزىب ئەلئەسما ۋە لۇغەت" 3-توم 132-بەتكە قارالسۇن].

2-سۈيۈق قېنى بولمىغان ھەر بىر ھايۋان پاكتۇر، ئۇنىڭ جۈملىسىدىن: چېۋىن، چېكەتكە، چۈمۈلە، ھەرە، چايان، سارسۇر، قوڭغۇز، ئۆمۈلچۈك قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھاشارەتلەرنىڭ ئاقىدىغان قېنى يوق، بۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشۈپ كەتسە، چىۋىننى قاچىغا چۆمدۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر قانىتىدا شىپا بار، يەنە بىر قانىتىدا كېسەل بار». [بۇخارى رىۋايىتى 5782-ھەدىس].

ئەگەر نىجىس بولغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قاچىغا چۆمدۈرۈشكە بۇيرىمىغان بولاتتى.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " بۇ ھەدىس چىۋىن سۇدا ياكى سۇيۇق نەرسىدە ئۆلۈپ قالسا ئۇ نەرسىنىڭ نىجىس بولمايدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر، بۇ بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر، سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا بۇنىڭغا زىت بولغان قاراش يوق.

بۇنىڭدىكى دەلىل: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىۋىننى قاچىغا چۆمدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان، بولۇپمۇ يىمەك ئىسسىق بولغاندا بۇنىڭ بىلەن چىۋىن ئۆلىدۇ، ئەگەر چۆشكەن نەرسىنى نىجىس قىلىدىغان بولسا ئىدى، بۇ يەردىكى بۇيرۇق يىمەكنى بۇزۇش بولاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۈزەشكە بۇيرىغان بولاتتى. ئاندىن بۇ ھۆكۈم بەدىنىدە ئاقىدىغان قان بولمىغان: ھەسەل ھەرىسى، باشقا ھەرە ۋە ئۆمۈلچۈك قاتارلىق ھاشارەتلەرگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ". ["زادىل مىئاد" 4-توم 101-بەت].

3-كىشىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدىغان ياكى ئۆيلەردە بېقىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان ۋە گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار.

بۇنىڭ جۈملىسىدىن: مۈشۈك، ئېشەك، خېچىر، ساچقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئۆي ھايۋانلىرى.

بۇنىڭ دەلىلى: ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى كەبشە بىنتى مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ قەتادە ئۆيگە كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭغا قاچىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ قويۇپ بەردىم، شۇ ۋاقىتتا مۈشۈك كېلىپ ئۇ سۇنى ئىچمەكچى بولدى، ئۇ مۈشۈكنىڭ سۇ ئىچىۋېلىشى ئۈچۈن قاچىنى سىڭايان قىلىپ بەردى، مىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا: ھەي قېرىندىشىمنىڭ قىزى! بۇنىڭدىن ھەيران قىلىۋاتامسىز؟ دېدى، مەن: ھەئە- دېدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇ نىجىس ئەمەس، بۇ سىلەرنىڭ ئەتراپىڭلاردا چۆگىلەپ يۈرىدىغان ئۆي ھايۋىنىدۇر». [بۇ ھەدىسنى مەشھۇر تۆت ھەدىس كىتاپ ساھىپلىرى كەلتۈرگەن، بۇخارى، تىرمىزى، ئۇقەيلى ۋە دارى قۇتنى قاتارلىقلار سەھىھ دېگەن].

ئەتراپىڭلاردا چۆگىلەپ تۇرىدىغان دېگەنلىكتىن بولغان مەقسەت: ئۆيگە كىرىپ ئۆيدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ تۇرىدىغان دېمەكتۇر". ["ئەتتەمھىد"1-توم319-بەت].
"ئادەم ئەۋلادلىرى بىر-بىرى بىلەن كۆپ ئارىلاشقاندەك، قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭمۇ ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىشى كۆپ بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈشۈكنى كىشىلەرگە بەك ئارىلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى تۈردىن قىلدى، بۇنى كۆپلۈك ۋە مۇبالىغىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئىپادىلىدى". ["ئەبۇ داۋۇدنىڭ شەرھىسى" ئەينى 1-توم 319-بەت].

مۈشۈكنىڭ نىجىس بولماسلىقىدىكى ھۆكۈمنىڭ سەۋەبى: ئۇنىڭ ئائىلىگە بەك كۆپ كىرىپ-چىقىدىغانلىقى، قاچا-قۇچا ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ساقلاشنىڭ بەك زۆرۈر ئەمەسلىكىدىندۇر. بۇنىڭ مەنىسى: مۈشۈك سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا بەك كۆپ كىرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بەدىنىڭلار ۋە كىيىمىڭلارغا سۈركىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇ نىجىس بولغان بولسا ئىدى،

سلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرىغان بولاتتىم دېمەكتۇر". ["ئەۋنۇل مەبۇد" 1-توم 141-بەت].

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ مەسىلىدە شەرىئەت پىرىنسىپى ناھايىتى بەك ھېكمەت ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەلگەن، ئەگەر ئۇنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھۆكۈم كەلگەن بولسا ئىدى، مۈشۈكنىڭ كىچە-كۈندۈز ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئورۇن-كۆرپە، كىيىم-كېچەكنىڭ ئۈستىدە بولىشى ۋە يىمەكلىكلىرىنىڭ ئەتراپىدا بولىشى بىلەن ئۈممەتكە قېيىنچىلىق، مۇشەققەت بولغان بولاتتى". ["ئىئلامۇل موقىئىين" 2-توم 172-بەت].

مۈشۈكنىڭ پاك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆز بولسا: مەدىنە ئەھلى، كۇپە ئەھلى، شام ئەھلى ۋە ئىراق، ھىجاز ئەھلى ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىملارنىڭ ۋە ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سۆزىدۇر". [ئىبنى مۇنزىرنىڭ "ئەلئەۋسەت"نامىلىق ئەسىرى 1-توم 276-بەت].

مۈشۈك قاچىدىكى سۇنى ئىچسە ياكى يىمەكنى يېسە بۇ نىجىس بولمايدۇ. ئۆيدە ياشايدىغان باشقا ھايۋانلارمۇ مۈشۈككە قىياس قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئىنسانلار بىلەن بەك كۆپ ئارىلىشىدىغان، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قېيىن بولىدىغان بارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ھۆكمى مۈشۈكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، لېكىن بۇنىڭدىن شەرىئەت ئايرىۋەتكەن ھايۋان ئايرىۋېلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىتتىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرگە كۆپ ئارىلاشماقلىقى بىلەن تۇرۇقلۇق ئۇ نىجىستۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشى: ئۇنىڭ پاك بولىشى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قېيىن بولغانلىقى، ئائىلىگە كىرىپ-چىقىشى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئەگەر نىجىس بولغان بولسا ئىدى، بۇ كىشىلەرگە بەك قېيىنچىلىق بولاتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈمنىڭ مەركىزى نۇقتىسى: ئۇ ھايۋاننىڭ ئائىلىگە كۆپ كىرىپ-چىقىش قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ساقلىنىش قېيىن بولىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدىن ساقلىنىش قېيىن بولىدىكەن، ئۇ پاك بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن خېچىر ۋە ئېشەك پاك، بۇ كۆپچىلىك ئالىملار تاللىغان كۈچلۈك قاراشتۇر. ["شەرھىل مۇمتى" 1-توم 444-بەت].

ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن توغرا بولغىنى: ئېچىپ ئاشقان سۇنىڭ پاكىز بولىشى ۋە تەرلىرىنىڭ پاكىز بولىشىدا، ئېشەك بىلەن خېچىرنى مۈشۈكنىڭ ھۆكمىگە قېتىۋېتىشتۇر، چۈنكى كىشىلەر مىنىش ۋە يۈك ئارتىش ئىشلىرىدا بۇنىڭ بەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ، بۇ ئىمام مالىك، ۋە ئىمام شاپىئى مەزھىبىنىڭ قارىشىدۇر. (بۇنىڭدىن گۆشى ھالال دېگەنلىك مەنا ئىپادىلەنمەيدۇ).

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مېنىڭ نەزىرىمدىكى توغرا پىكىر: خېچىر بىلەن ئېشەكنىڭ تەرلىرى ۋە ئېچىپ ئاشقان سۈيىنىڭ پاك ئىكەنلىكىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مىنەتتى، ساھابىلارمۇ مىنەتتى، ئەگەر نىجىس بولغان بولسا، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ۋاقتىدا بايان قىلىپ بېرەتتى، چۈنكى بۇ ئىككىسىدىن ساقلىنىش مۇمكىن

بولمايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇكنىڭ ھۆكمىگە قىياس قىلىندى". ["ئەلمۇغنى" 1-توم 68-بەت].

شەيخ ئابدۇراھمان سەئدى مۇنداق دەيدۇ: "شەكسىز توغرا بولغىنى: ئېشەك بىلەن خېچىر ھايات بولسا مۈشۈككە ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ شالى ۋە تەرلىرى پاكىزدۇر، ئۇنداق بولىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىسىگە كۆپ مىنەتتى، مۈشۈك توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «بۇ سىلەرنى كۆپ ئايلىنىپ يۈرىدىغان ھايۋان»، بەك كۆپ ئايلىنىپ سۈركىلىپ تۇرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قېچىش قىيىن بولىدۇ، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئېشەك بىلەن خېچىردا ساقلىنىش تەس بولغان قېيىنچىلىق مۈشۈكنىڭكىدىكى قېيىنچىلىقتىن بەك كۆپ. ["ئەلمۇختاراتۇل جەلىيە" 27-بەت].

4-ئېشەك ۋە چوشقا نىجىستۇر.

چوشقىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: قُلْ لَا أَجِدُ فِي مَا أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَى طَاعِمٍ يَطْعَمُهُ إِلَّا أَنْ يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنْزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ تەرجىمىسى: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يىمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە ئاللاھتىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھقا سەۋەب بولغان مالدىن باشقىسىنى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن» [سۈرە ئەنئام 145-ئايەت].

ئۇنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆز بولسا، ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئىبنى ھەزمى مۇنداق دەيدۇ: "ئالىملار چوشقىنىڭ گۆشى، مېيى، ئىچ مېيى، پەيلىرى، مېڭىسى ھەممە يىرىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاقتا كەلگەن. ["مەراتىبۇل ئىجما" 23-بەت].

ئىمام نەۋەيي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىبنى مۇنزىر چوشقىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىگە ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارشىنى نەقىل قىلدى، گەرچە بۇنىڭ نىجىسلىقى ئىجما بىلەن بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئالىملارنىڭ بىرلىكى ھۆججەت كەلتۈرۈشكە بەك لايىقدۇر، لېكىن ئىمام مالىكنىڭ قارشىغا كۆرە، چوشقا ھايات بولغان مۇددەتتە پاك دىيىلىدۇ". ["ئەلمەجمۇ" 2-توم 568-بەت].

ئەمما ئېشەكنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى دەلىل بولىدۇ: «ئېشەك يالاپ قويغان قاچىلىرىڭلارنى يەتتە قېتىم يۇيۇڭلار، دەسلەپتە توپا بىلەن يۇيۇڭلار» [مۇسلىم رىۋايىتى279-ھەدىس].

ئىمام خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىسنىڭ ئېشەكنىڭ زاتىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ، ئەگەر ئۇ نىجىس بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ يالاپ قويغان قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇشقا بۇيرىمايتتى، بۇنىڭ مەنىسى نەرسىلەرنىڭ ئەسلىنى پاكىزلىماق ئۈچۈن نىجاسەتنى يوق قىلىش ياكى پەيدا بولغان نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتىش بىلەن بولىدۇ، قاچىدا پەيدا بولغان نەرسىنى كۆتۈرۈۋېتىش يوق، پەقەت ئۇنىڭدىن يالاپ قويغان نىجاسەتنى يوق قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ تېلى بىلەن يالىغانلىقى نىجىس بولۇپ، قاچىنى ئۇنىڭدىن پاكىزلاش ۋاجىپ بولىدىكەن، باشقا ئەزالىرىنىڭمۇ تىلىنىڭ ئورنىدا نىجىس بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن قايسى بىر ئەزا بىلەن ئىنسانغا سۈركەلسە، ئۇ ئورۇننى پاكىزلاش ۋاجىپ بولىدۇ". ["مائالىمۇس سۈنەن" 1-توم 39-بەت].

بەزى ئۆلىمالار ھەدىس ئىتنىڭ شالىنىڭ، تۆكۈركىنىڭ ۋە ئېغىزىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما قالغان بەدىنى ئەسلىدىكى پاكلىق ھالىتىدە قالىدۇ دەيدۇ. بۇ ھەنەپى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ قارشىدۇر. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 21-توم 530-بەت].

ئىبنى دەقىق ئىيد رەھىمەھۇللاھ ھۆكۈمنىڭ ئىتنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىسىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ھۆكۈمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىنىڭ تېكىستى ئەمەس بەلكى ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: "ھەدىس نىجىسلىقنىڭ ئىتنىڭ ئېغىزىدىكى نەرسىلەرگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بەدىنىنىڭ قالغان قىسمىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى دەلىللەردىن ھۆكۈم ئېلىش ئارقىلىق بولىدۇ". ["ئىھكامۇل ئەھكام" 24-بەت].

ئىتنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىسى نىجىس دېگەن سۆز شاپىئى ۋە ھەنبەلى مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ قارشىدۇر.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئىت ۋە چوشقىنىڭ ئۆزى، ھەممە ئەزالىرى، تېرىك-پوقلىرىمۇ ۋە بۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىققان نەرسىلەرمۇ نىجىس". ["ئەلمۇغنى" 2-توم 67-بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرىمۇ بۇ قاراشنى تاللىغان. بۇ ھەقتە دائىمى كومىتېت پەتىۋاسىنىڭ 23-توم 89-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "ئىتنىڭ ھەممە يېرى، شالى ۋە تۆكرىمۇ نىجىستۇر".
5-ھايۋاناتلاردىن ئىلگىرى بايان قىلغان تۆرلەرگە كىرمەي قالغانلىرى، شىر، يولۋاس، يىلپىز ۋە بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار... قارچۇغا، بۈركۈت، قارغا دېگەندەك قۇشلاردىن بولسۇن ياكى يىرتقۇچ بولمىسىمۇ گۆشىنى يېگىلى بولمايدىغان پىل ۋە مايمۇنغا ئوخشاش ھايۋانلار، بۇ ھايۋانلارنىڭ پاكلىقى ياكى نىجىسلىقى توغرىسىدا ئۆلىمالار ئارىسىدا پەرقلىق قاراشلار بار.

مالىكى مەزھەپ قارشىدا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ھايات بولغان مۇددەتتە پاك بولىدۇ دەپ، بۇنىڭدىن ھېچ بىر ھايۋاننى ئايرىمىغان.

ھەنەپى مەزھەپ قارشىدا، چوشقىدىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنى پاك دەپ قارايدۇ.

شاپىئى مەزھەپ قارشىدا، ئىت بىلەن چوشقىدىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنى پاك دەپ قارايدۇ.

ھەنبەلى مەزھەپ قارشىدا، ئىت، چوشقا، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە يىرتقۇچ قۇشلار نىجىس، ئەمما بۇلاردىن باشقا ھايۋانلار پاك دەپ قارايدۇ.

ھەقىقەتەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ پاكلىقى ۋە نىجىسلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر قانچە ھەدىسلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بەزىسى زەئىپ ياكى ئۇنى دەلىل قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ئۇنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىل: ئەسلىنى تۇتۇش ۋە مۈشۈككە قىياس قىلىشتۇر.

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مۈشۈك توغرىسىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە، مۈشۈكنىڭ يىرتقۇچ ئىكەنلىكى، ئۈلۈك نەرسىنى يەيدىغانلىقى ئىسپاتلىنىش بىلەن ئۇنىڭ نىجىس ئەمەس ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن. بۇ ھەرقانداق ھايات ھايۋاننىڭ نىجىس بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ". ["ئەتتەمھىد" 1-توم 336-بەت].

ئۇنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىل:

1-پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۈشۈك يىرتقۇچلار تىپىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان، ئىنسانلارغا بەك كۆپ ئارىلىشىدىغانلىقىنى بۇنىڭ سەۋەبى قىلغان.

بۇنىڭدىن: مۈشۈكتىن باشقا، كىشىلەر بىلەن قويۇق ئارىلاشمايدىغان يىرتقۇچلارنىڭ نىجىس ئىكەنلىكى چۈشىنىلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ھۆكۈمدە مۈشۈك ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلار ئوخشاشتۇر، بۇ سەۋەپنىڭ ھېچ بىر مەنىسى يوق.

2-ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن چۆلدىكى كۆلنىڭ سۈيى ۋە ئۇ كۆلگە يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كىلىپ سۇ ئىچىدىغانلىقىنى بۇ سۇنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سۇ (ئىككى قۇللە) يەنى ئىككى يۈز لېتىردىن كۆپ بولسا نىجىس بولمايدۇ»، ھايۋانلارنىڭ ئۇ كۆلدىن سۇ ئىچىشى كۆلنىڭ سۈيىنى نىجىس قىلمايدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار بۇ توغرىدا سورىمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىدە بولمايتتى.

ئىبنى تۈركمانى مۇنداق دەيدۇ: "ھەدىسنىڭ كۆرۈنىشى يىرتقۇچلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۈيىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ شەرتنى قىلىشنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، ئۇنى ئىككى قۇللە بىلەن بېكىتىش بىكار بولغان بولىدۇ".
["ئەلجەۋھەرۇن نەقى" 1-توم 250-بەت].
ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۈيى نىجىس دىگەنلەر ھەدىستىن: "ئۇ كۆلگە يىرتقۇچ ھايۋانلار كىلىپ سۇ ئىچىدۇ" دېگەن بۇ سۆزنى دەلىل قىلىدۇ، بۇ سۆزدە ئۇنداق بىر ئۇقۇم يوق، چۈنكى يىرتقۇچلار سۇ ئىچكىلى كەلگەندە ئادەتتە ئەتراپقا سىيىدۇ ۋە تەرەت قىلىدۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئالدى-كەينى پۇتلىرى نىجاسەتتىن خالى بولالمايدۇ، ساھابىلارنىڭ سوئالى بۇنىڭ ئۈچۈن بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئومۇمى بىر قائىدىنى بايان قىلىپ: «سۇ ئىككى يۈز لېتىردىن زىيادە بولسا، ئۇ سۇغا نىجاسەت چۈشۈپ كەتسىمۇ نىجىس بولمايدۇ، چۆلدىكى كۆلنىڭ سۈيى ئادەتتە ئىككى يۈز لېتىردىن كەملەپ كەتمەيدۇ». ["ئىجاز يى شەرھى سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"287-بەت].

ئۇبەيدۇللاھ مۇبارەك پورىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى قىلغان: ئۇلار ئويلىغاندەك سۇ ئىككى يۈز لىتىرغا يەتسە نىجىس بولمايدۇ دېگەن ھەدىس يىرتقۇچلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۈيىنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. سوئالنىڭ كېلىپ چىقىشى: ئادەتتە يىرتقۇچ ھايۋانلار سۇ ئىچكىلى كەلسە، كۆل ئەتراپىغا سىيىپ-چىچىپ سۇ ئىچىدۇ، ئالدى-ئارقا پۇتلىرى نىجاسەتتىن خالى بولماسلىقى مۇمكىن، بۇ سۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ دېمەكچى". ["مىرئاتۇل مەپاتىھ" 2-توم 185-بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتىۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرىمۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۇيى پاكىز بولىدۇ دېگەن قاراشنى تاللاپ مۇنداق دەيدۇ: كۈچلۈك قاراشتا: بۆرە، يىلپىز، شىر قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە سا، بۈركۈن، قارچۇغا قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۇلىرى پاكىزدۇر، بۇ شەرئى دەلىللەرگىمۇ ئۇيغۇندۇر". ["شەيخ ئىبنى باز رىياسەتچىلىكىدىكى دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى" 5-توم 380-بەت].

شۇنىڭدەك، ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: "توغرا بولغىنى ئۇلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۈيىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىدۇر، چۈنكى بىز ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىپ ئاشقان سۇيىنى نىجىس دېسەك، بۇ كىشىلەرگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ، چۆلدىكى بەزى كۆللەرنىڭ سۇيى ئىككى يۈز لىتىرغا يەتمەيدۇ، يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە قۇشلار بۇ كۆلگە كېلىپ سۇ ئىچىدۇ، ئەگەر بىز بۇنى نىجىس دېسەك بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە قىيىنچىلىق بولىدۇ. بىزگە مەلۇم بولىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا مۇشۇنداق كۆلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ سۈيىدە تاھارەت ئالغان". ["كاپىغا يېزىلغان ئىلاۋە" 1-توم 41-بەت].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەرنىڭ خۇلاسىسى:

بارلىق ھايۋانلار ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يىرتقۇچ بولسۇن ياكى ئادەتتىكى بولسۇن، قۇشلار بولسۇن ياكى ھاشارەتلەر بولسۇن ئۇلار ھايات بولغان ھالىتىدە پاكىز بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئىت ۋە چوشقا ئىستىسنا قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ئىككىسى ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈك بولسۇن نىجىستۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.